(بېشى 1 - بەتتە)

مەتروزى ھازىر ئىككى كىيىم - كېچەك دۇكىنى ئېچىۋاتىدۇ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋات يول بۆلىكىگە جايلاشقان كىيىم - كېچەك دۇكىنىنى ئىنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئاچقان. خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەتروزى خوتەن ناھىيەسىنىڭ بۇزاق يېزىسىدا بىر تارماق دۇكان ئاچتى، يېڭى ئاچقان دۇكىنىغا ئايالى قارايدۇ، ئۇ ئاساسلىقى مال كىرگۈزۈش، مال يەتكۈزۈش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ھەر كۈنى ئىككى جايغا قاترايدۇ، كۈنلىرى ئالدىراش ھەم مەنىلىك ئۆتمەكتە.

## قىزىنىڭ پىسخىكىسىغا بولغان زىيانكەشلىكنى ئۇنتۇيالماسلىق

مەتروزى ھازىرغىچە قىزىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. «ھازىر مەن ئۆيدە بولساملا، بالام مەكتەپكە ھەمىشە بالدۇرلا ماڭىدۇ، مېنىڭ ئۆزىنى مەكتەپكە بارغۇزماسلىقىمدىن ئەنسىرەيدۇ.» مەتروزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بالىسىغا سالغان پىسخىكا جەھەتتىكى زىياننى تولدۇرمىقى تەس ئىكەن.

بۇلارنىڭ ھەممىسى مەتروزى 2014 - يىلى تاپشۇرۇۋالغان بىر بۆلەك زوراۋانلىق، تېررورلۇق سىن فىلمىدىن كەلگەن، سىن فىلمىدە «غازات قىلىپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دەپ جار سېلىنىپ، ئاتالمىش «كاپىرلار» «دىنىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر»گە زىيانكەشلىك قىلىش تەرغىب قىلىنغان. سىن فىلمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مەتروزىنىڭ «قېنى قىزىپ كەتكەن».

شۇنىڭدىن كېيىن، مەتروزىنىڭ يان تېلېفونى دائىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم سىن فىلملارنى تاپشۇرۇۋالغان، كۆپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ بارا - بارا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ، QQ توپى ئارقىلىق بۇ مەزمۇنلارنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇ خوتۇنىدىن چوقۇم نىقابلىق كىيىم كىيىشنى، سىرتقا چىقىپ ئىشلىمەسلىكنى تەلەپ قىلغان. مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن قىزىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە بېرىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئۇ دېگەن ‹كاپىرلار› قۇرغان مەكتەپ» دەپ ھۆركىرىگەن، ئەينى چاغدا قىزى ئاران يەتتە ياشتا ئىدى.

بىر قېتىم، ئايالى ئۇ ئۆيدە يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالىنى ئوغرىلىقچە مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغان، مەتروزى بايقاپ قېلىپ، ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ ئايالىنى ئۇرۇپ كەتكەن. قىزىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، قىزىنىڭ يىغلاشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا يول قويمىغان.

كېيىن، مەكتەپتىكى مۇئەللىم ئۆيگە خىزمەت ئىشلىگىلى كەلگەندە، مەتروزى مۇئەللىمنى تىللىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىمۇ سىرتقا ناھايىتى ئاز چىقىدىغان بولغان، كىيىم - كېچەك سودىسى بىلەن تېخىمۇ كارى بولمىغان. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قارىشىچە، سىرتقا چىقىپ يول ماڭسىمۇ، سۇ ئىچسىمۇ «مۇسۇلمانچە ئەمەس» نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، «تەقۋادار مۇسۇلمان»غا ئايلىنالمايدىكەن.

مەتروزىنىڭ ئەسەبىي قىلمىشى ئايالىنىڭ ئىچىنى بەك سىققان. ئامالسىزلىقتىن ئايالى كەنت كادىرلىرىنى ئىزدىگەن، كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق، مەتروزى خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تىزىملىتىشقا قوشۇلغان.

## بالا ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى تەمىنلەپ بېرىش

بۈگۈنكى كۈندە، تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان مەتروزى تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتىم».

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەتروزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېرىشكىنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تۈگەتكىنى بولدى.

«دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدىلەرنى خالىغانچە بۇرمىلاپ، ئەسەبىزمنى دىن بىلەن باغلىۋېلىشى بىزنىڭ نورمال تۇرمۇشىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.» مەتروزى غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ئاشۇ كىشىلەر بىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشىمىزنى توسۇشقا ئۇرۇندى، ئۇلارنىڭ نىيىتى يامان. ئەمدى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەيمەن».

«تەلىم - تەربىيە مەركىزى بىر مەكتەپ بولۇپ، مېنى قايتىدىن مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.» مەتروزى مۇنداق دېدى: دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش ئارقىلىق باشقىلار بىلەن نورمال ئالاقىلىشالايدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇم؛ قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان بولدۇم؛ ئېلېكترونلۇق سودا ماھارىتىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا كىيىم - كېچەك سودىسىنى ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىنىشقا باشلىدىم.

مەتروزىنىڭ ئېرىشكەنلىرى بۇلارلا ئەمەس. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، ئۇ تۇنجى قېتىم تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزدى، «بۇ ئۆمرۈمدە ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن.» مەتروزى مۇنداق دېدى: ئەينى چاغدا مۇئەللىم تورتنى كۆتۈرۈپ كىردى، پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم مەن ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى ئېيتقاندا، ھاياجانلانغىنىمدىن كۆز يېشى قىلدىم، ئىلگىرى قىزىمنىڭ مۇئەللىمنى «كاپىر» دەپ تىللىغىنىمدىن بەكمۇ نومۇس قىلدىم.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، مەتروزى قىزىنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ، ئاشۇ مۇئەللىمنى ئىزدەپ تېپىپ، يۈزتۇرا «كەچۈرۈڭ» دېدى. «شۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىملەرنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولدۇم» دېدى مەتروزى.

ھازىر، مەتروزى ھەر كۈنى ئەتىگەن، كەچتە دۆلەت ئورتاق تىلىدا قىزى بىلەن سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەم قىزىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرماقتا، ھەم ئۆزىنىڭ تىل ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كېيىن ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ مال كىرگۈزۈشكە قولايلىق يارىتىشقا تىرىشماقتا. ئۇ يەنە قىزىغا ھەرخىل ئۆگىنىش بۇيۇملىرى ئېلىپ بەردى. «ئىلگىرى نادانلىقىمدىن بالىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغىلى تاس قاپتىمەن.» مەتروزى مۇنداق دېدى: ھازىر بالامغا قىلىپ بېرەلمىگەنلىرىمنى تولۇقلاپ بېرىپ، بالامغا تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى ئويلايمەن.

## ئالدىراش بولغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى غەيرەتكە تولۇش

ھازىر، مەتروزىنىڭ ھەربىر كۈنى ئالدىراشلىقتا ئۆتىدۇ، سېتىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۇ كىيىم - كېچەكلەرنى سۈرەتكە تارتىشنى ئۆگەندى. تارتىپ بولغاندىن كېيىن، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن سۈرەت بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئاددىي بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن دوستلار چەمبىرىكىگە يوللايدۇ، نۇرغۇنلىغان خېرىدارلار كۆرگەندىن كېيىن باھاسىنى سورايدۇ، بەزى خېرىدارلار يەنە دۇكانغا كېلىپ سىناپ كىيىپ باقىدۇ.

مەتروزى مۇنداق دېدى: ھازىر ئەمەلىي دۇكاننىڭ تىجارىتى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، مەن ئۆگەنگەن ئېلېكترونلۇق سودا بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، توردىمۇ ساتماقچى بولۇۋاتىمەن، بۇنداق بولغاندا سېتىش يولى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، سودىمۇ تەبىئىيلا بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ. مەتروزى بىر چوڭراق تور نۇقتىسى قۇرۇپ، توپ سېتىش سودىگەرلىرىنى ئۆيىدە ئولتۇرۇپلا مال تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى پىلانلىدى.

ھازىر، سېتىش نۇقتىسى قۇرۇش ئىشى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى، ئۇ مۇناسىۋەتلىك شىركەتلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپلا قالماي، ئۇ يەنە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى تەكرار سىنىپىغا تىزىملاتتى. «گەرچە ھازىر مەن پۇتۇڭخۇا ئارقىلىق باشقىلار بىلەن نورمال پىكىر ئالماشتۇرالىسامۇ، ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس.» مەتروزى مۇنداق دېدى: كېيىن تورنى قۇرۇپ بولسام، مالنىڭ تۈرى چوقۇم تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. مەن يەنە ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ تېخىمۇ كۆپ پاسون، تېخىمۇ كۆپ تۈردىكى كىيىم - كېچەكلەرنى تاللايمەن، پۇتۇڭخۇادا راۋان سۆزلەش بۇنىڭدىكى ئالدىنقى شەرت. ئېغىز تىلى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ كەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى، خوتۇنى جىياۋزى تۈگۈپ، بىر ئۈستەل قورۇما قورۇدى. قىزى ئەكەلگەن ھاراقنى ئېلىپ، ئۇ بىراقلا ئىچىۋەتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چۆرىدەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، مەتروزى ئۆزىدىن بۇنىڭدىنمۇ بەختلىك ئىش بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. يېڭى بىر يىلدا، مەتروزىنىڭ ئارزۇسى سودىنى ياخشى قىلىپ، جىق پۇل تېپىپ، بالىلىرىنى ياخشى مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش.




# جياڭ شۆيۈەن: ھاياتى ئارقىلىق قەسىمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لىيۇ ۋاڭمىن)** تىمتاسلىققا چۆمگەن يېشىل تاغدا يېشىل قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يۇڭجۇ شەھىرى نىڭيۈەن ناھىيەسى شۈيشى بازىرى شەنشۈيۈەن كەنتىدىكى قەھرىمان نەمۇنىچى خەلق ساقچىسى جياڭ شۆيۈەن بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، نىڭيۈەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىر قىسىم خەلق ساقچىلىرىنى جياڭ شۆيۈەننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا تەشكىللەيدۇ.

جياڭ شۆيۈەن، 1964 - يىلى تۇغۇلغان، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ نىڭيۈەن ناھىيەسىدىن. 1984 - يىلى 7 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1995 - يىلى 9 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. خۇنەن ئۆلكىسى نىڭيۈەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تىيەنتاڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، شۈيشى ساقچىخانىنىڭ جاۋداۋيۈەنى، لىشى ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى بولغان، 2 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئىدى.

1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كەچتە، جياڭ شۆيۈەن قاتتىق يامغۇرغا قارىماي ئاپتوموبىل ھەيدەپ گۇاڭدۇڭغا بېرىپ قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى تۇتماقچى بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جياخې ناھىيەسى چېتۇ بازىرىدىكى ماۋجيا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، كەلكۈن كېلىپ دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، ئاپتوموبىل بەختكە قارشى كەلكۈندە دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن. جياڭ شۆيۈەن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قارىماي، پىداكارلىق كۆرسىتىپ، جاسارەت بىلەن كەلكۈن بىلەن ئېلىشىپ، ئاپتوموبىلدىكى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان، قوغلاپ تۇتۇشقا ياردەملەشكەن بىر خىزمەتدىشىنى قىرغاققا ئىتتىرىپ چىقارغان، ئەمما ئۆزىنىڭ بەدەن كۈچى خوراپ كەتكەچكە، بەختكە قارشى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

جياڭ شۆيۈەن 1995 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن كېيىن، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ ھەم تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاپادىن، تاپا - تەنىدىن قورقماي ئىشلىگەن. قۇربان بولغانغا قەدەر، ئۇ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 112نى پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىپ ۋە قاتنىشىپ، 134 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇپ، ئامما ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇپ كەلگەن. ئۇ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلەتتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

نىڭيۈەن ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: جياڭ شۆيۈەننىڭ ھاياتى قىسقا، ئەمما شانلىق. ئۇ قىسقا، ئەمما شانلىق ھاياتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ توغرا كەيپىيات ناخشىسىنى پۈتتى، ئۇ ھاياتى ئارقىلىق «خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ئۈچۈن» دېگەن قەسەمنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق گۈللىرىنى چەكسىز جۇلالاندۇردى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«خەۋەرلەردە ھەر كۈنى مۇتەخەسسىسلەر ئۆينى قانداق قىلغاندا ياخشى دېزىنفېكسىيە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، بىز مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرىمۇ شەھەردىن ئىبارەت بۇ چوڭ ‹ئۆي›نىڭ تازىلىق خىزمىتىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك، ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاق پاكىز بولسا، ۋىرۇسمۇ يوشۇرۇنۇۋالالمايدۇ!» روزى قولىدىكى چوڭ سۈپۈرگە بىلەن يەرنى كۈچەپ سۈپۈردى.

ئەتىگەن سائەت 8دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، روزى مەسئۇل بولغان يول بۆلىكىنى پاكىز سۈپۈرۈپ بولدى، ئەخلەتلەرنىمۇ بېكىتىلگەن ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكتى. لېكىن ئۇ يەنىلا بوشاڭلىق قىلماي، سۈپۈرگە بىلەن شازىنى ئېلىپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى مېۋە شۆپىكى، قەغەز پارچىلىرى ۋە يوپۇرماقلارنى ئىزدىدى، بىر پارچە كېرەكسىز قەغەزنىڭمۇ كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىدى.

«روزى، ئاپتوموبىلغا چىقىڭ!» سائەت 8دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، بىر دېزىنفېكسىيە قىلىش ئاپتوموبىلى روزىنىڭ يېنىدا توختىدى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، روزى ھەر كۈنى يولنى تازىلاپ بولۇپ، يەنە تەۋەلىك رايون باشقۇرۇش كومىتېتى شەھەر رايونى باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مەخسۇس ئاپتوموبىلىغا ئەگىشىپ ئەخلەتلەرنى يىغىپ توشۇيدۇ، تەۋەلىك رايوندىكى 12 مەھەللىدە ئايرىۋېتىلىپ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان خادىملارنىڭ ئەخلەتلىرىنى تۆكىدىغان مەخسۇس ئەخلەت ساندۇقى قويۇلغان. ئەخلەت تۆكىدىغان جايغا كەلگەندە، روزى ۋە ئىشداشلىرى دېزىنفېكسىيە ئۈسكۈنىسىنى ئېلىپ ئەخلەت ساندۇقىنى ئايلىنىپ بىر قېتىم پۈركۈپ چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن ئەخلەت ساندۇقىنى يەنە بىر ئاپتوموبىلغا يۆتكەيدۇ، يەنە دېزىنفېكسىيە قىلىنغان قۇرۇق ئەخلەت ساندۇقىنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇپ، كېيىنكى بىر ئەخلەت تۆكۈش نۇقتىسىغا بارىدۇ.

## «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدى بىلەن دەل جايىغا يەتكۈزۈش ئەڭ مۇھىم»

«ياخشىمۇ سىز! مەن جىڭدۇڭنىڭ تېز يەتكۈزگۈچىسى. كەچۈرۈڭ، يۇقۇم مەزگىلىدە مالنى ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمىز، كېلىپ يوللانمىڭىزنى ئېلىۋالسىڭىز.» جىڭدۇڭ ئەشيا ئوبوروتى ئۈرۈمچى بەينياۋخۇ پونكىتىنىڭ تېز يەتكۈزگۈچىسى ياڭ چۈنمىڭ ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)دىكى جۇڭچېڭ. خەلقئارا شەھەرچىسى ئولتۇراق رايونى يەر ئاستى ئاپتوموبىل ئىسكىلاتىدا خېرىدارغا تېلېفون قىلدى. ئۇنىڭ كەينىدىكى ئاپتوموبىلغا چوڭ - كىچىك تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار لىققىدە قاچىلانغانىدى.

ياڭ چۈنمىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل چاغاندا تېز يوللانما مىقدارى ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، ئۇلارنىڭ %60ى ماسكا، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى. «شىركەت يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدىن يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7دىن باشلاپ ماللارنى چۈشۈرۈپ، ئايرىپ، قاچىلاپ، ئاندىن ماللارنى يەتكۈزۈپ بېرىمىز، بىر كۈندە 100چە مال يەتكۈزىمىز، ئۆيگە قايتقاندا كۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئالدىن جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەممىدىن مۇھىم».

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، بەينياۋخۇ پونكىتى ئۈرۈمچىدىكى كارخانىلار كورلا شەھىرىگە ئىئانە قىلغان بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيالارنى تاپشۇرۇۋالدى، ياڭ چۈنمىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلىدى، 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سەھەردە بۇ ماددىي ئەشيالار كورلىغا ئەۋەتىلدى.

ياڭ چۈنمىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرغانلىقىنى ئىنتايىن قوللىدى. ياڭ چۈنمىڭنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىش ئورنىدا قېلىشنى تاللىدى.

ياڭ چۈنمىڭ مۇنداق دېدى: بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جىڭدۇڭ ئەشيا ئوبوروتى پۇختا مۇداپىئە تەدبىرى قوللاندى.

«تېز يوللانمىلار ئۈرۈمچىگە كېلىشى بىلەنلا دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ، ھەر كۈنى يەتكۈزۈلمەي قالغان يوللانمىلار پونكىتقا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن قايتا دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ، بىزنىڭ ئاپتوموبىلىمىزمۇ دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ، شىركەت يەنە ھەر كۈنى بىزگە ماسكا تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى. خۇددى مېنىڭ ئىسمىمنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش، باھارنىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىشىنى، يورۇقلۇقنىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

سائەت 14تىن 50 مىنۇت ئەتراپىدا، تېز يوللانمىلار بىر - بىرلەپ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن، ياڭ چۈنمىڭ يەنە ئاپتوموبىل ھەيدەپ باشقا بىر يەتكۈزۈش نۇقتىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

## «ئاھالىلەر يېڭى كۆكتات يېيەلىسىلا، ھەرقانچە ھارسامۇ مەن رازى»

سەھەر سائەت 4تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، سائەت قوڭغۇرىقى ئۇخلىغىنىغا تۆت سائەتمۇ بولمىغان سۈن كەينى ئويغاتتى. ئۇ تېز سۈرئەتتە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان خوتۇن - بالىلىرىغا قاراپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى 108 - نومۇرلۇق كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىنىڭ دۇكان باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۈن كەي ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ كۆكتات، مېۋە - چېۋە، قوشۇمچە يېمەكلىك تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە ئەتراپتىكى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە سېتىش نۇقتىسى بولمىغان ئۈچ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

«مېنىڭ مىنبۇسۇم سەل كىچىك بولغاچقا، دوستۇمدىن بىر يۈك ئاپتوموبىلى ئارىيەت ئالدىم.» سۈن كەي مۇنداق دېدى: ھەر كۈنى ئاز دېگەندىمۇ 60 خىل يېڭى كۆكتات كىرگۈزىمەن، تۆت ئولتۇراق رايوننى قوشقاندا ئۈچ توننىدىن ئارتۇق كۆكتات تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سائەت 5لەردە، سۈن كەي ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي غول يولىدىكى شىنلىيەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال بازىرىغا كەلدى. باھا سۈرۈشتۈرۈش، تاللاپ سېتىۋېلىش، مال يۆتكەش...ئۈچ سائەتتە، سۈن كەي ئاپتوموبىلنى لىق قاچىلىدى.

سائەت 8دىن 30مىنۇت ئۆتكەندە، سۈن كەي كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىغا قايتىپ كەلدى. ياردەمگە كەلگەن ئائىلىسىدىكىلەر 80 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان دۇكاننى پاك - پاكىز تازىلاپ بولغان بولۇپ، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاپتوموبىلدىن چۈشۈرۈش، كۆكتاتلارنى ئىلغاش، بۆلۈپ قاچىلاش، مالنى پوكەيگە تىزىش...سائەت 9لاردا، سۈن كەينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۇنجى تۈركۈمدىكى ئاھالىلەرنى كۈتۈۋالدى.

«سىز ئاتا - ئانام بىلەن كۆپرەك جاپا تارتىدىغان بولدىڭىز، دۇكانغا كىرگەن ھەربىر ئاھالىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، ھەر كۈنى ئاز دېگەندىمۇ تۆت قېتىم دېزىنفېكسىيە قىلىڭلار.» خوتۇنىغا تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن، سۈن كەي ئاپتوموبىل ھەيدەپ ياندىكى ياڭگۇاڭ يارۇنيۈەن ئولتۇراق رايونىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شارائىت چەكلىك بولغاچقا، سۈن كەي ئولتۇراق رايوندىكى بوش يەردە كۆكتات يايمىسى ئاچتى. دۇكاندا قانداق كۆكتاتلار بولسا، يايمىدىمۇ شۇنداق كۆكتاتلار بار ئىدى؛ دۇكاندا قانداق باھادا سېتىلغان بولسا، يايمىدىمۇ شۇ باھادا ساتتى. بىر ئولتۇراق رايوندا يېرىم كۈن يايما ئاچقاچقا، ئۇنىڭ قوللىرى توڭلاپ يېرىلىپ كەتتى.

سائەت 14تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆكتات سېتىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى ئاھالىنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، سۈن كەي بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىغا قايتتى. بىر قاچا تەييار چۆپنى ئالدىراشلا يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كۆكتاتلارنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ، يەنە بىر ئولتۇراق رايونغا يۈرۈپ كەتتى.

«شەرت قويمىدى.» ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، سۈن كەي ئىزچىل ھەربىيلەر ئىستىلىنى داۋاملاشتۇردى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاساسەن توختىماي ئىشلەپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىسسىق تاماق يېيەلمىدى، «ئاھالىلەر يېڭى كۆكتات يېيەلىسىلا، ھەرقانچە ھارسامۇ مەن رازى. ھەربىرىمىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنى بالدۇرراق تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، يۈ شى، لى لىن، ۋاڭ يۇڭفېي، سۇ لۇپېڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)